# شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى توغرىسىدا

**ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى**

ئېلان قىلىنغان ژورنال: تىل ۋە تەرجىمە ژورنىلىنىڭ 2006-يىللىق1-سانى

**قىسقىچە مەزمۇنى:**
بۇ ماقالىدە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە ستاتىستىكا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، تارقىلىشى، ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى مەسىللەر يورىتىلىپ بېرىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شىنجاڭ، ئىسلام دىنى ، يەر ناملىرى

ئىسلام دىنى – دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ بىرى . يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن مىلادىيە 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنغان دىن. بۇ دىن ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، 10-ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغان. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ھۆكۈملىرى، ئەمەلىي ھۆكۈملىرى ۋە ئېتىقاد ھۆكۈملىرى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ ، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايونلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىگە خاس ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن.« ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى نوقۇل ئىسلام ئېتىقادى ۋە كالامىزىم چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن چەكلەنمەستىن ، بەلكى پۈتكۈل بىر پۈتۈن دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپىنى – ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن خارەكتېرلەنگەن. بۇ ئىككى نوقتىنى ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق بىر يۇقىرى مەدەنىيەت تىپىنى شەكىلەن ئەمەس ، بەلكى پائال ئۆزلەشتۈرۈش پەللىسىدە تۇرغان مەدەنىيەت ئىقتىدارىنى ، شۇنىڭدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تىپلىرىدىن يوقىرىراق سېنكرېتىك قاتلامدىكى دىنى مەدەنىيەت شەكلى

ئىكەنلىگىنى كۆرستىدۇ‹1››.«ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئىران،تاجىك تىپىدىكى سامانىيلار سۇلالىسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى‹2››. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان مۇسۇلمانچىلىق پەرھىزلىرى- ئىمان، ناماز ، روزا ، ئۆشرە-زاكات، ھەج قىلىش شەرتلىرى ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە ئېتىقاد تۇرمۇشىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تىرەن ئورنىشىپ غايەت زور دائىمىي ئېتىنىك دىنىي پائالىيەت تۈسىنى ئالدى‹3››. «ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇن قاراشلىرى ئىلگىركى ئىجابىي ، ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن قوشۇلۇپ تەڭرىگە ۋە ئىنسانغا ھالال مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ يېڭى ئۆلچەملىرىنى شەكىللەندۈردى‹4››. «ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس دىنىي تەبىقە – شەيخۇلئىسلام ، ھەردەرىجىلىك قازى مۇپتىلار ، ھەردەرىجىلىك جامە-مەسچىت ئىماملىرى ، مەزىنلەر ، مازار-مەشايىخ شەيىخلىرى، دىنىي مەدرىس – مەكتەپ مۇددەرىس ئۆلىمالىرى، دىنىي ئىلىم بويىچە ھەردەرىجىلىك ئالىملىق مەرتىۋىلىرى مەيدانغا كەلدى‹5››. «ئىسلام مەدەنىيتى ئائىلە ،يۇرت مەھەللە ، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىدىن ئۇيغۇر جەمىيتىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى . ئوردا– قەسىر ، جامائەت-مەسچىت ، مەقبەرە ، قەبرە-گۈمبەزلەرنىڭ ياسىلىشى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس شەكلى ۋە نۇسخىللىرىنى قوبۇل قىلدى‹6››. «ئەرەپ يېزىقى تەدرىجى ھالدا ئۇيغۇر يېزىق شەكلى بولۇپ قالدى ، ئەرەپ يېزىقى بىلەن بىللە بىر قىسىم ئەرەپچە سۆزلۈكلەر بىلەن مەلۇم سالماقتا پارس سۆزلۈكلىرى ئۇيغۇرتىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ كەلدى‹7››. ھازىرقى زامانغا كەلگەندە بۇ سۆزلەر ئەۋلاتلىرىمىز لۇغەت ئاختۇرمىسا قايىسسى ئۇيغۇرچە ،قايىسسى ئەرەپچە ،پارسچە ئىكەنلىگىنى پەرقلەندۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كەتتى . دىمەك ، ئىسلام دىنىي ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كىيىن ،ئۇيغۇر مەدەنىيتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى كۆرسەتتى . بىز ماقالىنىڭ تېمىسىدا تىلغا ئالغان يەر ناملىرىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇخىل تەسىرنىڭ سىرتىدا قالمىدى ئەلۋەتتە . تۆۋەندە مەن شىنجاڭدىكى ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

يەر ناملىرى بىر خىل ئىجتىمائى ھادىسە، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرشىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ، قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائى پائالىيتىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ،بىر دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلىرى، دۆلەت مۇداپىيەسى ،ئىقتىسادى، مىللىي سىياستى ، پوچتا ئالاقىسى ۋە ئاخپاراتچىلىق ئىشلىرىدا موھىم رول ئويناپ كەلگەن دۇنياۋىي سەنئەتكە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

يەرنامىلىرى پەيدا بولۇشتىن تارتىپ تاكى تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش باسقۇچىغا قەدەر دىن ۋە ئۇنىڭغا دائىر ھەر خىل سىرلىق مەزمۇن قاراشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى دىن يىراق قەدىمكى دەۋردىن بۇيان يەر نامىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ناھايىتى موھىم رول ئوينىاپ كەلدى. لېكىن دىن تارىختىن بۇيان دەۋىر قىلىپ تۇرغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغاچقا ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دىنىي قاراش ۋە دىنىي تەلىماتلار شۇنىڭدەك ، دىنىنىڭ شەكلى ، خارەكتىرى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى چوڭ-چوڭ پەرقلەرنىڭ پەيدا بولىشى سەۋەبىدىن دىنىي پاسىل ھاسىل قىلغان تارىخىي دەۋرلەردىكى يەر نامىلىرىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، دائىرسىمۇ ئوخشاش بولماي قالدى. بۇنىڭ بىلەن يەر نامىلىرىنىڭ دىن چەمبىرىكى ئاستىدىكى شەكىل، مەنە، دائىرە، مەزمۇن جەھەتتىكى مۇرەككەپلىكى كېلىپ چىقتى. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرنامىلىرى ئەنە شۇنداق ئىسلام دىنىي مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئاستىدىكى شەكىل، مەنە،دائىرە، مەزمۇن جەھەتتىن باشقا دەۋرلەردىكى ھەر قايىسى دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايىسى ساھەلىرىدە موھىم رول ئوينىاپ كەلدى . شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. يەنى، دىنىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرنامىلىرى ، دىنىي ئەمەل-مەنسەپ، دەرىجە-ئۇنۋان نامىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى ۋە دىنىي رىۋايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرنامىلىرىدىن ئىبارەت.

## 1. دىنىي ئۆرپ – ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر نامىلىرى

بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەر ئاساسلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە ئەمەلىي ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ،مۇراسىملار، قائىدە-رەسىملەر ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىدىغان ، ئېلىپ بارىدىغان سورۇن ، مەيدانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدىكى دىنىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر نامىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

### 1) مەسچىت

مەسچىت- مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان جاي، ئىبادەتخانا. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىش سورۇنى بولغاچقا، كىشلەرنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس جاي دەپ قارىلىدۇ . شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردە مەيلى يۇرۇش-تۇرۇش ،سۆز- ھەرىكەتلەردە بولسۇن مەسچىت ھەققدە تىل ۋە ھەرىكەت پەرھىزلىرى شەكىللەنگەن. جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەم شۇنداق . ئەنە شۇنداق بولغانلىقتىن ،ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ قارىغان جايلارنى ، مەسچىتلەر

**ئورۇنلاشقان يەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتىراپىدىكى يەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ شۇ سۆز بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن : مەسچىت (باي، كەنت) ، مەسچىتدۆڭ (يەكەن،كەنت) ، مەسچىتكېرەم (يەكەن،كەنت ) ، مەسچىت ئالدى (ئاقسۇ كونا شەھەر،كەنت ) ، تاختامەسچىت (قەشقەر،كوچا )، تېتىر مەسچىت (پەيزىۋات،كەنت ) ، سالامەسچىت (ئۈرۈمچى،كوچا ) ، قارياغاچ مەسچىت (توقسۇ،مەھەللە) ، كۆكمەسچىت غوجام (قەشقەر كونا شەھەر،كەنت ) ، كۆتەمە مەسچىت (قەشقەر يېڭى شەھەر،كەنت ) ، هويلا مەسچىت (قەشقەر كونا شەھەر،مەھەللە ) ، ئازنا مەسچىت (قەشقەر يېڭى شەھەر،كەنت ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.**

## **2) مازار**

**مازار ئەرەپچە سۆز بولۇپ ، «زىيارەت قىلىش»،«يوقلاش»دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئىستىمال مەنىسىدە بولسا ، بۇ سۆز «زاراتگاھلىق»، «قەبرىستانلىق»، «تۇپراق بشى»مەنىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تۇپراق بېشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە خېلى بۇرۇنلا مازارغا تىۋىنىش ، مازارنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئادەتلەر كېلىپ چىققان. مازارغا تىۋىنىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە. بولۇپمۇ ، جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ، بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىقا ئائىت تۇرمۇشىنىڭ موھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. كىشىلەر مازارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى ، مۈشكۈلاتلىرىنى يېشىكلىتىشىنى ھاياتلىقتا ئۆتكۈزگەن سەۋىنلىكلىرىنى كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغان . بىمارلار كېسەلگە سەۋەپ ، ياش قىز-ئوغۇللار ئۆزلىرىگە جورا ، قولى قىسقىلار بايلىق ئىزدەپ مازارلارنى تاۋاپ قىلغان ۋە ھەرخىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەن . مازار دەرتمەنلەرنىڭ دەردىنى ئېيتىدىغان ، تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققاندا تەسەللىي تاپىدىغان ، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە كېسەل داۋالىيالايدىغان ، تەبئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ، روھنى پاكلايدىغان جۈملىدىن كۆڭۈل ئاچىدىغان ، ئۈچۈر ئالماشتۇردىغان موھىم سورۇنغا ئايلانغان . شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر قاتتىق ئىسسىق ، قەھرىتان سوغۇقلاردا ئۇزۇن ، خەتەرلىك يوللارنى بېسىپ مازارلارغا يول ئالغان ، ھەتتا بەزىلەر بىر قىسىم داڭلىق مازارلارنى مەككە بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقان . مازار ئۇيغۇرلارنى نەزىرىدە ئەنە شۇنداق موھىم ھەم مۇقەددەس جاي بولغانلىقتىن خاس مازارلار ئۇيغۇرلار رايۇنىدا كۆپ بولۇشتىن تاشقىرى ،«مازار» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن يەرناملىرىمۇ شەكىللەنگەن ھەم شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگەللىگەن . دوكتۇر راھىلە داۋۇتىنىڭ «ئۇيغۇر مازارلىرى» ناملىق كىتابىدا خاس ئۇيغۇر مازارلىرىدىنلا جەمئىي 80**

نەچچە مازار كۆرستىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىشلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنىڭ ناملىرىغىمۇ «مازار» سۆزىنى قوشۇپ ياسىغان يەر ناملىرىدىن جەمئىي 50 نەچچىسى بار.مەسىلەن: مازار(مەكىت، كەنت ) ، مازار ئېقىن (قاراشەھەر، كەنت)، مازار كال (تاشقورغان، كەنت)،مازارقىشلاق (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت) مازارقۇم (پەيزىۋات، كەنت)، مازارلىق (چاقىلىق، كۆل)،مازار مەھەللىسى (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت )، مازارتاش (چىرا)، مازارتوغىراق(قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت) ،مازارئۆستەڭ (كىرىيە، كەنت )، مازار ئايلا (قارىقاش، كەنت)، مازارئېرىق (قاغىلىق، كەنت)، مازارباغ (كۇچا،كەنت)، مازاربېشى (مارالبېشى، كەنت)، مازاربوي (ئاقسۇكوناشەھەر)، مازىرىم (ئۇلۇغچات، كەنت)، مازاردۆڭ (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، مازار پۇتان (كۇچا، كەنت)،مازار ئورۇ (ئاقتۇ، كەنت)، ئاقتامازار (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)،ئارامازار(قارىقاش، كەنت)، باشمازارقۇم (پەيزىۋات، كەنت)، گۈلئاتامازار (باي، كەنت)، جايمازار(قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، چىغلىقمازار (غۇلجاناھىيىسى، كەنت)، توغراقمازار (قارىقاش، كەنت)، دۆڭمازار (غۇلجاناھىيىسى، كەنت) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 3) خانىقا

خانىقا سۆزى پارسچە سۆز بولۇپ بىرىنچىدىن، ئىشان-سوپىلارنىڭ توپلۇشۇپ بىرلىكتە زىكىرگە چۈشىدىغان ، زىكىر ئىبادەت قىلىدىغان جايى. ئىككىنچىدىن، بىر قېتىمدا كۆپىرەك ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان قىلىپ سېلىنغان چوڭ مەسچىت. ئۈچىنچىدىن، چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ناماز ئوقىلىدىغان، ئادەتتە كەڭ ۋە كاتتا بولىدىغان گۈمبەزلىك خانىسىنى كۆرستىدۇ. دىمەك، خانىقا سۆزى مەنىسىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدىكى«مەسچىت»، «مازار» سۆزلىرىگە ئوخشاشلا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان موھىم سورۇنلارنىڭ بىرى. شۇڭا، بۇخىل سۆز بىلەن كەلگەن يەرناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: خانىقا (قەشقەر يېڭىشەھەر، مەھەللە) خانىقا ئېرىق (توقسۇ، مەھەللە)، خانىقا دەرۋازا (يەكەن، كەنت)، خانىقا مەھەللىسى (قەشقەر يېڭىشەھەر، مەھەللە)، خانىقا تام (كۇچا، يېزا)، خانىقا تۆگمەن (قەشقەر يېڭى شەھەر،كەنت)، چوڭخانىقا (گۇما، مەھەللە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 4) ئىسلام

ئىسلام ئەرەپچە سۆز بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرىش ، مۇسۇلمان بولۇش ، مۇسۇلمانچىلىق دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ھەم يەنە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان مۇقەددەس دىنىنىڭ نامى بولغاچقا، كىشلەر بۇسۆزنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ،ئۇلۇغلايدۇ. ئۇنى پەرزەنتلىرىگە قويۇش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ بەخىت – سائادىتىنى تىلەيدۇ، ھەم پەرزەنتلىرىنىڭ مۇشۇ ئىسمىنىڭ خاسيىتى بىلەن پىشانىسىنىڭ ئوڭ بولىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى

ياشاۋاتقان جايلارغىمۇ مۇشۇ خىل سۆز بىلەن كەلگەن ناملارنى بىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دىنغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىشەنچ- ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن: ئىسلامئاۋات(خوتەن ناھىيسى،يېزا)،ئىسلامكېمە(پەيزىۋات،كەنت)،ئىسلاميۈزى(غۇلجاناھىيسى،كەنت)قاتارلىق قىلاردىن ئىبارەت. بۇخىل يەرناملىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەكرار- تەكرار ئۇچرايدۇ.

## 5) ھالال

ھالال ئىسلام دىنىي شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە، شەرىئەت ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، يىگىلى، ئىچكىلى، پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.شۇنداق بولغاچقا، ئىسلام دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بۇ قائىدىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.ئۇيغۇرتىلىدا بۇ سۆزنىڭ يوقارقى مەنىلىرىدىن كېڭىيىپ چىققان نۇرغۇن مەنىلىرى بار . مەسىلەن: قىڭغىر يولدا ماڭمايدىغان، باشقىلارنى ئالدىمايدىغان ، پاك ، سەممى ، ھەق – توغرا، مۇۋاپىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار مۇشۇ خىل چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا يەنە بەزى يەر ناملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن: ھالال (يۈپۈرغا، كەنت)، ھالالباغ (خوتەن ناھيسى، كەنت)، ھالاللىق (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىردا كۆرستىپ ئۆتكەنلەر شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ جايلاردا دائىم ئۇچرايدىغان يەرناملىرىدۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە شىنجاڭدا ئەزەن، ئازنا، ناماز، رامزان، شەيتان قاتارلىق دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسلەن: ئازنابازار (توقسۇ، كەنت)، ئەزانخانا (كىرىيە، كەنت)، خاناماز (مەكىت، كەنت)، جۈمەبازا (قارىقاش، كەنت)، رامزانباغ (قاغىلىق، كەنت)، شەيتەنكارلىق (قەشقەر يېڭى شەھەر،كەنت)، شەيتانكۆل (مارالبېشى، كەنت) لەردىن ئىبارەت.

## 2. دىنىي ئەمەل-مەنسەپ، دەرىجە-ئۇنۋان ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئەرەپ ، پارىس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شۇ تىللاردىكى بىر مۇنچە دىنىي ئەمەل – مەرتىۋە ناملىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەھكىمە شەرئىي ۋە باشقا دىنىي ساھەلەر مەۋجۇت بولغان مەزگىللەردە بەزى ئەمەل-مەنسەپ ناملىرى ئىشلىتىلگەنىدى. بۇ خىل نامىلار كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىنىي زاتلار، دىنىي ئۆلىمالار، دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۆتىۋەرلەر ۋە دىنىي مەزھەپلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ھۆرمەتلەش ئېھتىياجى ئۇچۇن خىزمەت قىلدى. ئەلۋەتتە بۇخىل ھالەت ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرستىپ مۇشۇ نامىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر

نامىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇلاردىن ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1) خەلىپە

خەلىپە ئەرەپچە سۆز بولۇپ ، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي – دىنىي داھىلارنىڭ نامىدۇر. ئۇنىڭ يەنە ئورۇن باسار دېگەن مەنىسىمۇ بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خەلىپە مۇسۇلمان جامەئەسى ۋە مۇسۇلمان تېئوكراتىك دۆلىتىنىڭ دىنىي ھەم مۈلكىي باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلىپە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارى ھېسابلانغان ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ تۆت خەلىپە توغرىسىدا ئىسلام دىنىي بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلار بۇلارنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ، پەرزەنتلىرىگە پەندى-نەسىھەت قىلغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. شىنجاڭدا بىرخىل نام بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن يەر نامىلىرىدىن ئاساسلىقى خەلىپە مەھەللىسى(مارالبېشى، مەھەللە)، خەلپەم بۇلىقى (غۇلجا ناھىيىسى، بۇلاق)، خەلىپە ئېرىق (كورلا، كەنت)، خەلىپە چۆرگە (لوپ، كەنت)، خەلىپە چۇشۇرگە (لوپ، كەنت)، خەلىپە سايباغ (قارىقاش، كەنت)، خەلىپە سۇڭ (ئاۋات، كەنت)، دول خەلىپە ئېرىق (لوپ، كەنت)، يوقارقى خەلىپە ئېرىق (ئاقسۇ، كەنت) لاردىن ئىبارەت.

2) ئىمام

ئىمام دېگەن سۆز ئەرەپچە سۆز بولۇپ (1) نامازدا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازنى باشقۇرغۇچى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلدۇرغۇچى دىنىي شەخس.(2) ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىدىكى شۇ مەزھەپكە ئاساس سالغۇچىنىڭ ھۆرمەت نامى. (3) ئىسلام دىندىكى ئۆلىما ئالىملارنىڭ ھۆرمەت نامى.(4) ئىسلام پىشۋالىرىنىڭ ئۇنۋانى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەيلى شەھەر، مەيلى ناھىيە، مەيلى يېزا ، مەيلى كەنت ھەتتا مەھەللىلەرگىچە كىشلەر تەرىپىدىن ئەڭ ھۆرمەتلىنىدىغان دىنىي شەخس ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ياشىغان رايۇنلاردا مۇشۇ خىل كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن مۇشۇ خىل نامنى يەر نامىلىرى قىلىپ ئىشلەتكەن ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئىمامۇئەپتەر (قارىقاش، كەنت)، ئىمامىلىرىم (ئۇچتۇرپان،يېزا)، ئىمامبۇلاق (بۇگۇر، بۇلاق)، ئىمام مەھەللە (يېڭىسار، كەنت)، دوتەي ئىمام (ئاقسۇ كونا شەھەر، كوچا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3)داموللا، موللا

دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە تالىپلارنى ئوقۇتىدىغان شەخس ، دىن ۋە شەرئەت پىشۋاسى، دىنىي ئىلمي مول ۋە چوڭقۇر كىشى. موللا دىنىي مەكتەپلاردە ئوقۇپ ئىسلام دىنىي بىلىملىرى ھەققدە بەلگىلىك سەۋىيگە يەتكەن كىشى، ئىسلام دىنىي ئەربابى، كىشلەرگە دىنىي تەلىم بەرگۈچى، ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈچى

كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دامولла بىلەن موللا ھەر ئىككىلىسى دىنىي جەھەتتە بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.ئەمما ئىشلىتىلگەندە ئازىراق پەرقى بار. يەنى، داموللا موللىغا قارىغاندا دەرىجىسى بىر ئاز يۇقىرى بولغان دىنىي ئۆلىمالارنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر ئىككىسىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە كىشىلەردۇر. بۇ خىل نام بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىدىن ئاساسلىقى داموللا ھاجىم (مارالبېشى، مەھەللە)، داموللا جاڭگىلى (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، موللا خالى (مارالبېشى، مەھەللە)، موللا قۇم (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، موللامېغى (قەشقەر كونىشەھەر، كەنت)، موللادۆلەتھاجى (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت) لار بار.

### 4) ھاجى

ھاجى ئەرەپچە سۆز بولۇپ ، ھەجگە بارغان يەنى ئىسلام دىنىدا ئەڭ مۇقەددەس ھېساپلانغان كەئبەنى زىيارەت قىلغان كىشىگە بېرىلىدىغان نام. ئىسلام ئەنئەنىسىدە ھەج قىلغان ئادەمنىڭ «ھاجى» سۆزى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. قىسمەن ھاللاردا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغىمۇ قويىلىدۇ. مەيلى ھەج قىلىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىغا قويۇلسۇن، مەيلى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە قويۇلسۇن. ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ شۇ خىلدىكى كىشىلەرگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا بۇخىل نام بىلەن كەلگەن يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ھاجىئاۋات (مەكىت، كەنت)،ھاجىئېغىل (قارىقاش، كەنت)، ھاجىئېقىن (مارالبېشى، كەنت)، ھاجى قۇم (مەكىت)، ھاجى ساي (سانجى)، ھاجىناجى (كۇچا)، ھاجىيۈلغۈن (پىچان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 5) خوجە

خوجە ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا «خوجا» دەپ ئومۇمىيلاشقان. ئۇ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە كەڭ تارقالغان ئىمتىيازلىق تەبىقە بولۇپ بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «خوجايىن»، «ساھىب» دىگەنلىكتۇر.(قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى ، 71-بەت) ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ 480-بېتىدە بۇسۆز تارىخىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە مۇنداق ئىزاھلانغان (1) شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى (2) بەگ، باي دېگەن مەنىدە ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەپ چاقىرىش شەكلى (3) بىر كىمنىڭ ياكى بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى (4) ئەرلەرنىڭ ئىسمى . بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقارقى مەنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئېيتىلىدىغان ئىمتىيازلىق تەبىقە «خوجە» دىن كەلگەن. 14-ئەسىردىن باشلاپ ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان خوجىلار شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان . ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام سوپىزىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك تارمىقى ئىشانچىلىق مەزھىپىنىڭ داڭلىق دىنىي رەھبەرلىرى ئىدى. خوجىلار شىنجاڭدا دىنىي

ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپلا قالماي، يەنە سىياسىي ھاكىمىيەتكىمۇ ئارلىشىپ ، بىر مەزگىل كىشلەرنىڭ چوقۇنۇش ئوبىكتىغا ئايلانغان . ئەينى ۋاقتتا كىشلەر ھايات خوجىلارغا چوقۇنۇپلا قالماي ، ھەتتا ئۆلگەندىن كىيىن ئۇلارنىڭ مازارلىرىغىمۇ چوقۇنغان . بۇ خىل چوقۇنۇش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى جايلاردا تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا ، ئەينى ۋاقتتا كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ خوجىلارغا بولغان ھۆرمىتى ، ئىشەنچ-ئېتىقادلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خوجىلار تۇرغان ، ئاساسلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەرلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلارنى مۇشۇخىل ناملار بىلەن ئاتىغان . بۇ خىل ئاتاش ئەينى دەۋىرنىڭ ياﻟدامىسى سۈپىتىدە تاكى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل يەر نامىلىرىدىن ئاساسلىقى خوجىلا (قەشقەر كونىشەھەر، كەنت)، خوجائاۋات (مارالبېشى، كەنت)، خوجائېرىق (يەكەن، كەنت)، خوجاباغ (ئاقتۇ)، خوجاقشلاق (باي، كەنت)، خوجاساي (جىمنەي) قاتارلىقلار بار.

## 6) سوپى

سوپى ئەرەپچە سۆز بولۇپ سوپىلىق تەرىقىتىگە مەنسۇپ كىشى، مۇرد( قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى، 104-بەت)، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە سوپىزىم يولىنى تۇتقان كىشى، ياخشى-يامان ئىشلاردىن قول ئۈزگەن ، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى توختاتقان كىشى ( ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى،630-بەت) بولۇپ، دىنىي ناملار ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغان نامدۇر. بۇ نام گەرچە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى نام بولسىمۇ ئەمما ،ئەينى ۋاقتتا سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ بولغان نامدۇر. شۇڭا بۇ خىل سۆز بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرىمۇ خېلى كۆپ. مەسلەن: سوپىلا (يەكەن، كەنت)، سوپىمەھەللىسى (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، سوپىئېرىق (يەكەن، كەنت)، سوپىبەگ(مارالبېشى، كەنت)، سوپى (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، سوپۇلا (يەكەن، كەنت)، ئاقسۇپى (لوپنۇر، يېزا) قاتارلىقلادىن ئىبارەت.

## 7) شەيخ

ئەرەپچە سۆز بولۇپ (1) ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بىلىملىك كىشلەر ، ئالىملار، ئۆلىمالار ، ۋە دىنىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇددەرسلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان.(2) تەرىقەت خانىقاسىنىڭ باش دەرۋىشى (3) مازار، زىيارەتگاھ قاتارلىقلاردا ئەۋلىيالارغا ، خۇدا يولىدا ئاتالغان سەدىقە ۋە نەزىر-نىيازلار ھېسابىغا ياشايدىغان كىشى، مازارغا قارىغۇچى.(4) تەيىيارتاپ دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇخىل سۆز بىلەن كەلگەن يەر نامىلىرىدىن شېيخ (ماناس، كەنت)، شەيخ توقاي (باي، كەنت)، شەيخ توقاي مەھەللىسى (باي، كەنت)، شېيخھويلا (پەيزىۋات، كەنت)، شەيخلا (يەكەن، كەنت) قاتارلىقلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

يۇقىردا كۆرستىپ ئۆتكەن مۇشۇ تۈرگە كىرىدىغان يەر نامىلىرىدىن يەنە ئاخۇن،

ئشان ، شهت، غازى، قارى قاتارلىق سۆزلەر بىلەن كەلگەن يەرنامىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئاخۇنئېرىق (كىرىيە، كەنت)، ئاخۇنھويلىسى (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)،ئاخۇنلۇقۇم (يۇپۇرغا، كەنت)، قارىخانا (يەكەن، كەنت)، ئىشانبېغى (چۆچەك)، غازىقوغۇن (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، شەھىتلىرىم (قەشقەر يېڭىشەھەر، كەنت)، شىيىتدۆڭ (مەكىت، كەنت) قاتارلىقلار بار.

## 3. دىنىي رىۋايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى.

يەر نامىلىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر ئىچىدە قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئىدىلوگىيەگە ئائىت مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى،ھەر قانداق مىللەت زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كىتەلمىگەن بولغاچقا،ئۇلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىدىلوگىيەگە ئائىت مەزمۇنلار تەبىئىي چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىي شىنجاڭغا تارقالغان ئەڭ ئاخىرقى دىن بولغانلىقى بىلەن باشقا دىنلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھازىرقى يەر نامىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. شۇڭا يەر نامىلىرىغا ئائىت رىۋايەتلەدە ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭدا ئىسلام دىنىي تارقىتىش يولىدىكى، قانلىق كۆرەشلەر ، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە شۇنىڭغا دائىر ئۆرپ-ئادەتلەر، دىنىي ، پەلسەپىۋى قاراشلارغا كەڭ ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ ، بۇنداق رىۋايەتلەردە ۋەقە ھادىسىلەردىن باشقا تارىخىي شەخسلەنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . يەنە بۇخىلدىكى رىۋايەتلەردە مەشھۇر شەخس، ئەۋلىيا-ئەنبىيا، غازاتچى، موللا ئىمام ۋە خان-غوجاملارنىڭ قەبرىگاھ مازارلىرى توغرىسىدا موھىم ئۇچۇرلار بار. بۇخىلدىكى يەر نامىلىرىنى مەزمۇنىغا ۋە كېلىپ چىقىشىغا ئاساسەن ، ئىسلام رىۋايەتلىرىدىن بىۋاستە كېلىپ چىققان ھەم شۇ جاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋەكىلىك قىلالايدىغان يەر نامىلىرى ۋە ئىسلام رىۋايەتلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بار، ئەمما شۇ جاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋەكىلىك قىلالمايدىغان يەر نامىلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1) ئىسلام رىۋايەتلىرىدىن بىۋاستە كېلىپ چىققان ھەم شۇ جاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋەكىلىك قىلالايدىغان يەر نامىلىرى

بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرىغا ئاساسلىقى قورغاس ناھىيەسىدىكى ئەزەندۆڭ،ئاتۇش شەھىرىدىكى مەشەتلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

قورغاس ناھىيسىدىكى ئەزەندۆڭ دىگەن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار. مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى»دىكى بايانلارغا قارىغاندا ، تۇغلۇق تۆمۈرخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىن بىر يىل بۇرۇن ئاقسۇدىكى ئايكۆل دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرتتا مەۋلانە شەيخ جامالىدىن كىتىكىگە خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندا، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ۋەدە بەرگەن . ئەمما مەۋلانە شەيخ جامالىدىن

كتىكى غۇلجىدىكى ئالمالىق شەھرىدە خانلىق تەختكە ئولتۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يېنىغا ۋاقتىدا بارالماي، كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلىپ كەتكەندىن كيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن دادىسىنىڭ ۋەسيىتى بويىچە ئالمالىق شەھرىگە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشەلمەي خان چېدىرىغا يېقىن ئارىلىقتىكى بىر دۆڭلۈكتە ھەر كۈنى سەھەر ئەزەن ئېيتقان ھەم تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان . شۇنىڭدىن بۇيان بۇ دۆڭ ئاۋام ئارىسىدا «ئەزەن دۆڭ » دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مەشەت توغىرىسىدا قارخانىلارنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغاندىن كيىن ، بۇددىست تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. ھەمدە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانلىق جەڭ ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قانلىق جەڭدە شېھىد بولغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان . شۇڭا،بۇ يەر «مەشھەت ( شىھىتلىك) »دەپ ئۇلۇغلىنىپ، مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان. مانا بۇ رىۋايەتلەر مۇشۇ يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان رىۋايەتلەر بولۇپ ، بۇلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تارىخي ئاساسى بار ھەم ئوخشىمىغان تارىخى كىتاپلاردا خاتىرلەپ قالدۇرۇلغان. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

## 2) ئىسلام رىۋايەتلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بار، ئەمما شۇ جاي نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋەكىلىك قىلالمايدىغان يەر ناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرىغا خوتەندىكى گۇما، پىچاندىكى چىقتىم ناملىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. خوتەندىكى گۇما ناھىيىسى توغىرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار. رېۋايەت قىلىنىشچە، ئۇلۇغلىرىمىز خوتەن تەرەپتىن چىقىپ ھەممە جايلارغا بېرىپتۇ. ھەر قايسى يۇرتتىكىلەر ئۇلۇغلارنى سوۋغا سالام بىلەن كۈتىۋاپتۇ. ئۇلۇغلارئۇلارنىڭ ھەممىسگە نام بېرىپتۇ. ئۇلۇغلار ھازىرقى گۇمىغا كەلگەندە يەرلىك خەلقلەر « ئۇلار بۇ جايغا نىمشقا كەلگەندۇ» دەپ گۇمان قىلىشىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغلار « بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى گۇمانخور ئىكەن ، شۇڭا بۇيەرنى گۇمان دېسەك بولغۇدەك دەپتۇ». «گۇمان» دېگەن سۆز كيينچە « گۇما» غا ئۆزگىرىپتۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا پىچاندىكى «چىقتىم» نامى توغىرىسدا تۇرپانغا بىر دىن تارقاتقۇچى ئىسلام ئەۋلىياسى كېلىپ دىن تارقاتقاندا ، بۇددىست ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئالغان، كىشلەر ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىغاندا ، ئۇ بىر دەمدىلا كىشلەرنىڭ ئالدىدا نامايەن بولغان . كىشلەر ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سورىغاندا « مانا مۇشۇ يەردىن چىقتىم» دېگەن . شۇنىڭدىن بۇيان ، بۇ جاي «چىقتىم» دەپ ئاتالغان. بۇخىلدىكى يەر ناملىرى پەقەت خەلقنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن

ئاغزاكي ھېكايىلەر بولۇپ ، تارىخي ماتېرىياللاردا خاتىرلەنمىگەن ھەم تارىخى ئاساسى يوق بولۇپ ، بۇ خىل يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بارلىق باياناتلىرىمىز شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرىنىڭ مەزمۇن شەكىل ۋە خارەكتىر جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈنىشى ۋە ئۇلارنى قىسقىچە ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەمدى بىز تۆۋەندە جەدۋەل ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر ناملىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇمي ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى.ھازىرغىچەئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرىنىڭ ئومۇمي سانى تەخمىنەن 220 بولۇپ تارقىلىشى تۆۋەندىكىچە:

جەدۋەل(1) ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرىنىڭ ۋىلايەت ، ئوبلاستلار بويىچە تارقىلىش ئەھۋالى

| ۋىلايەت، ئوبلاست،شەھەر | يەر ناملىرىنىڭ سانى | ئىگەللەيدىغان نىسبىتى |
|---|---|---|
| قەشقەر ۋىلايىتى | 111 | 51 % |
| خوتەن ۋىلايىتى | 32 | 15 % |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 31 | 14 % |
| ئىلى ئوبلاستى | 13 | 5 % |
| بايىنغۇلىن ئوبلاستى | 9 | 4 % |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 8 | 3% |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 7 | 3 % |
| سانجى ئوبلاستى | 3 | 1.5 % |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 3 | 1.5 % |
| ئۈرۈمچى شەھرى | 2 | 0.07% |
| تارباغتاي ۋىلايىتى | 1 | 0.03% |

جەدۋەل(2) ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى ئاساسلىق توپلاشقان ناھىيەلەر

| ناھىيە | يەرناملىرىنىڭ سانى | ئىگىلەيدىغان نىسبىتى |
|---|---|---|
| قەشقەر يېڭىشەھەر | 36 | 16.3 % |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 15 | 7 % |
| يەكەن ناھىيىسى | 14 | 6.3% |

| | | |
|---|---|---|
| قەشقەر كونا شەھەر | 12 | 5.4% |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 9 | 4 % |
| قارىقاش ناھىيىسى | 9 | 4 % |
| غۇلجا ناھىيىسى | 8 | 3.6% |

جەدۋەل (3) بۇ خىل يەر نامىلىرى تارقىلىش ئاھۋالىنىڭ رايونلار بويىچە سېلىشتۇرمىسى

| رايون | يەر نامىلىرىنىڭ سانى | ئىگىلەيدىغان نىسبىتى |
|---|---|---|
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 191 | 87% |
| شىمالىي شىنجاڭ | 29 | 13% |

يوقىرىدا كۆرسىتىلگەن جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، جەدۋەل(1) دە كۆرسىتىلگەندەك قەشقەر، خوتەن ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى بۇخىلدىكى يەر نامىلىرى ئەڭ كۆپ ساقلانغان ۋىلايەتلەردۇر. جەدۋەل (2) دە كۆرسىتىلگەندەك بۇ يەتتە ناھىيە بۇخىلدىكى يەر نامىلىرى ئەڭ كۆپ ساقلانغان ناھىيەلەر بولۇپ ئۇلار بۇخىلدىكى يەرنامىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ46.6% نى تەشكىل قىلغان. جەدۋەل (3) تە كۆرسىتىلگەندەك جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى شىنجاڭدىكى بۇخىل يەر نامىلىرىنىڭ 87% نى تەشكىل قىلغان . شىمالىي شىنجاڭ رايونى بولسا ئاران 13% نى تەشكىل قىلغان . ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرىنىڭ بۇ خىل تەكشىسىز ھالىتى ھەرگىزمۇ تەبىئى ھالدا شەكىللەنگەن ئەمەس. بەلكى ئۇزاق تارىخى دەۋرىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئىزناسىنىڭ مەسھۇلىدۇر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى تارىختىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان ، ئىسلام دىنى ئەڭ بۇرۇن ، ئەڭ كەڭ تارقالغان ھەم ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان رايون. شىمالىي شىنجاڭ رايوندا بولسا ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىر قەدەر تەكشىسىز ھەم مىللەت تەركىبىمۇ بىر ئاز مۇرەككەپ بولغان بۇ ھال تەبىئىي ھالدا بىز يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرىنىڭ تارقىلىشىدىكى تەكشىسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دىمەك، يەر نامىلىرى بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى . ئۇلار بىر مىللەتنىڭ تىلىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلسا ، ئەينى دەۋردىكى شۇنداقلا يېقىن دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ، دىنىي ئەھۋاللار ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى، شۇدەۋرلەردىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ھادىسلىرى توغرىسدا بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

# ئىزاھلار

1.‹1›، ‹2›، ‹3›، ‹4›، ‹5› ، ‹6›، ‹7› ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002-يىل 8-ئاي

2. يەر ناملىرىنىڭ تۇرلىرىنى كۆرسەتكەندە ئىلىنغان مىساللاردىكى يەر ناملىرىنىڭ تەۋەلىكى ئاساسي جەھەتتىن ناھىيەلەرنى ئاساس قىلىپ ئېلىندى . كەنت نامى بولسا ناھىيە نامىنىڭ ئاخىرىغا«كەنت»، يېزا نامى بولسا ناھىيە نامىنىڭ ئاخىرىغا« يېزا » ، مەھەللە نامى بولسا «مەھەللە» دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى.

# پايدىلانغان ماتىرىياللار


1. ئابدۇرىشىت سابىتلار تۈزگەن ، خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر ناملىرى لۇغىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983-يىل 11-ئاي
2. قۇربانجان ئابلىمىت نۇرۇزى، تاشمۇھەممەد ئابدۇراخمان ، يەر ناملىرى ئىلمى ، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ، 2000-يىل 1-ئاي
3. قۇربانجان ئابلىمىت نۇرۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن ، شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى نەشرىياتى، 2001-يىل 1-ئاي
4. ئابلىز ياقۇپ قاتارلىقلار تۈزگەن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1999-يىل 8-ئاي
5. سادىق ھاپىز نەشرگە تەييارلىغان، قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994-يىل 3-ئاي
6. راھىلە داۋۇت، ئۇيغۇر مازارلىرى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001-يىل 8- ئاي.
7. ئىسلام مەدەنىيتىگە دائىر بىلىملەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىل 1-ئاي.